# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 8 - ئاي
31
شەنبە
维吾尔文 8月31日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24804 - سان بۈگۈن 4 بەت


## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

# پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك 4 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلدى

### «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى تۈزۈش نىزامى» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» قاراپ چىقىلدى

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، بۇ يىل 10 - ئايدا بېيجىڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى، يىغىننىڭ ئاساسلىق قارالمىلىرى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى مەركىزىي كومىتېتقا خىزمەت دوكلاتى بېرىدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە تەتقىق قىلىنىدۇ. يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى تۈزۈش نىزامى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» قاراپ چىقىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى ھەم دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئىجابىي، سەلبىي ئىككى جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلىدى، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى، ھەربىي ئىشلار، تاشقى ئىشلار قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈملەرنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىشنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، سىياسىي مۇقىملىق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۆجىزىسى ۋە سىياسىي مۇقىملىق مۆجىزىسىنى ياراتتى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ 2019 - يىللىق خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى جۇڭفا، ياڭ يىجۈن)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە بېيجىڭ شۇيلىفاڭدا 2019 - يىللىق خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

سائەت 19دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مۇراتو، باش كاتىپى زاگرىس ھەمدە جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇۋاتقان فىلىپپىن زۇڭتۇڭى دۇتېرت بىلەن بىللە شۇيلىفاڭ ئولىمپىك چوڭ زالغا كىردى. پۈتۈن مەيداندىكى تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

نەق مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ تەنتۇر ساناق ئاۋازى ئىچىدە، باشلىنىش مۇراسىمى باشلاندى. قىزغىن، جۇشقۇن ۋاسكېتبول ئۆسمۈرلىرى ھاياتىي كۈچكە تولغان «مەن ۋاسكېتبول مەستانىسى»نى ئورۇنلىدى. ۋاسكېتبول كىيىمى كىيگەن 32 ئۆسمۈر بالا تەرتىپ بويىچە مەيدانغا چىقىپ، مۇسابىقىگە قاتناشقان 32 دۆلەتنىڭ ئېلېمېنتى بېسىلغان ۋاسكېتبولنى بىرلا-بىرلەپ كۆرسەتتى.

پۈتۈن مەيداندىكى تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇندىدى، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدى.

خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مۇراتو سۆزىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 2019 - يىللىق ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسى تارىختىكى مۇسابىقە ئۆتكۈزگەن شەھەرلەر ئەڭ كۆپ، كۆلىمى ئەڭ چوڭ، دىققەتنى ئەڭ تارتىدىغان بىر نۆۋەتلىك مۇسابىقە. ئۇ جۇڭگو تەرەپنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەنلىكىگە يۇكسەك باھا بەردى ھەم چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى. بۇ نۆۋەتلىك ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك، قالتىس بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مۇراتو بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار ياڭ يىجۈن، لى جۇڭفا)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە بېيجىڭدا خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مۇراتو بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ۋاسكېتبول دۇنيادىكى مۇھىم تەسىر كۈچكە ئىگە بىر تۈرلۈك تەنتەربىيە ھەرىكىتى بولۇپ، يەنە جۇڭگو خەلقى، ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. جۇڭگو ۋاسكېتبول ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، خەلقئارا ۋاسكېتبول ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىدۇ، خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ۋاسكېتبول ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ. بۇ نۆۋەتلىك ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ چوقۇم ئۇنتۇلغۇسىز بىر نۆۋەتلىك كاتتا تەنتەربىيە يىغىلىشى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كىرىل موڭغۇل يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ھەم جۇڭگو - موڭغۇلىيە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى ئۇلانباتوردا ئۆتكۈزۈلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۇلانباتور، 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو - موڭغۇلىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، جۇڭگو گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى، موڭغۇلىيە دۆلىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى، جۇڭگو چەت ئەل تىل - يېزىقى نەشرىياتچىلىق - تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگونىڭ موڭغۇلىيە دۆلىتىدىكى باش ئەلچىخانىسى مەسئۇل بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 - تومى، «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش»نىڭ كىرىل موڭغۇل يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ھەم جۇڭگو - موڭغۇلىيە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتوردا ئۆتكۈزۈلدى. موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى باتتۇلگا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى جياڭ جيەنگو، جۇڭگونىڭ موڭغۇلىيە دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىڭ خەيمىڭ، موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ئېنكتۈبشىن، دىپلوماتىيە مىنىستىرى سوكتۇباتىر، زۇڭتۇڭنىڭ تاشقى ئىشلار مەسلىھەتچىسى تېگشجىرغىل، موڭغۇلىيە خەلق پارتىيەسىنىڭ شۇجىسى باتتۇئېنگك قاتارلىق 260تىن ئارتۇق ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئەقلىي ئىقتىدارلىق كۆكتات سېتىۋېلىش ئارقىسىدىكى تەرەققىيات لوگىكىسى

### —— پۈتۈن شىنجاڭدا تۇنجى مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق سېتىش بوتكىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

□ مۇخبىرىمىز بى شياۋمىن

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى ياڭزىجياڭ يولى شەرقىي مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى خې يۇلەن مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسىغا كىرىپ، يان تېلېفونى ئېلىپ كودنى سكانېرلاپ تىزىملىتىپ، ئاندىن يەنە كودنى سكانېرلىغاندى، يېڭى پىتى ساقلاش ئىشكاپىنىڭ ئىشكى ئېچىلدى. ئۇ بىر شوخلا، ئىككى لازا ۋە بىر كالالەك خۇاسەي ئالدى، ئىشكاپنىڭ ئىشكىنى ئېتىۋېدى، سىستېما ئاپتوماتىك ھالدا پۇل تۇتتى.

«ئىشىك ئالدىدىكى مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسى ئۆيىمىزدىكى توڭلاتقۇغا ئوخشايدۇ، قايسى خىل كۆكتاتنى يېگۈم كەلسە، قانچىلىك ئالغۇم كەلسە، خالىغانچە تاللايمەن، بەك قولايلىق» دېدى خې يۇلەن خۇشال ھالدا.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بۇ مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسى «ئىش»قا كىرىشكەندىن كېيىن، مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ كۆكتات سېتىۋېلىش ئۇسۇلىدا ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش بولدى.

■ **خوتەننىڭ ئېكولوگىيەلىك مېۋە، كۆكتاتلىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ دىيالوگى**

سېتىش بوتكىسىنىڭ بىر ئۇچى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆكتات ئېتىزىغا، بىر ئۇچى ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسىنىڭ تاماق ئۈستىلىگە تۇتىشىدۇ.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، مۇخبىر 15 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسىغا كىرىپ، 20 نەچچە خىل كۆكتات قويۇلغان يېڭى پىتى ساقلاش ئىشكاپىنى كۆردى، ھەرخىل كۆكتاتلار رەتلىك، تەرتىپلىك ھالدا ئوخشاش بولمىغان تارتمىلارغا تىزىلغانىدى. كۆكتات سېتىۋالغاندا كودنى سكانېرلىسىلا ئىشكاپنىڭ ئىشكى ئېچىلاتتى، كۆكتاتنى تاللاپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىشكنى ياپقان ھامان سىستېما ئاپتوماتىك ھېسابات قىلاتتى.

بۇ مىكرو ئېغىرلىق ھېسابلاش ئالاقە تورى تېخنىكىسىنىڭ پىششىق يېتىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، كۆكتات ساتقاندا، سىستېما ئاپتوماتىك ھالدا ئېغىرلىق ئۆلچەيدۇ. شىنجاڭ «تيەنتيەنشيەن» سودا چەكلىك شىركىتى بازار بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى چېن لىنجياڭ مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى شەھىرىدە دەل جايىدا مىقدار، ئېغىرلىق ئۆلچەيدىغان، ساتقۇچىسىز مېۋە، كۆكتاتلارنى سېتىش بوتكىسىدىن ھازىر مۇشۇ بىرسىلا بار.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# 6 - قېتىملىق مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەم تۆت تەرەپ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، 6 - قېتىملىق مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەم تۆت تەرەپ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك 7 - قېتىملىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش تەتقىق قىلىنىپ، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 63 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 63 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چوڭ دەرسخانىسىنى يولغا قويۇش لايىھەسى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بەش يىللىق يىرىك پىلانى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 18 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئاچتى

### سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 7 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېچىشنى قارار قىلدى

مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 18 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 7 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي



**ۋۇسەيتەننىڭ كۈز مەنزىرىسى**

باش كۆزدىكى ۋۇسەيتەن ھەرخىل رەڭلەرگە تولغان بولۇپ، گۈزەللىكىدىن يۈگمە رەسىمگە ئوخشايدۇ (8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تارتىلغان). ۋۇسەيتەن بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تەخمىنەن 24 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. □ لىيۇ شىخې فوتوسى

# ئاپتونوم رايونىمىز كاپالەتلىك تۇرالغۇ ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى زور كۈچ بىلەن تۈزىدى

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش · مەخسۇس تۈزەش

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «بۇ ئۆينىڭ ئىجارە ھەققى بەكلا ئەرزان، يىلدا ئاران 1300 يۈەن، بۇ يەردە تۇرساق تۇرمۇشقا ئىنتايىن قولايلىق، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە رەھمەت!» بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، ئاقسۇ شەھىرى لەڭگەر كوچىسى چاۋياڭ مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى مېھرىگۈل ئابلىز بىكارلانغان ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىگە كۆچۈپ كىردى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن، گەپ - سۆزلىرىدىن ئىنتايىن خۇش بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيلىرىنى باشقۇرۇش، يېزا ئەمنىيەتلىك ئۆي قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، تۈزەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈپ بېنقلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)